پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش

# 4 ـ ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

## —— ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمەكلىرى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلارغا بېرىپ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدا ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش دولقۇنىنى تېزدىن قوزغاش ئۈچۈن، يېقىندا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمەكلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىغا بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدى، لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى يەنە ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كادىرلار، ئامما بىلەن سۆھبەتلەشتى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى جۈەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)گە كېلىپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلاردىكى 800 نەچچە پارتىيە ئەزاسى ـ كادىرغا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى. لى جۈەن پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزاھلاپ، «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش» «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىشەنچىنى چىڭىتىش» «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، ئومۇمىي نىشانى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى توغرا ئىگىلەش» ھەمدە «پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ جايىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش»تىن ئىبارەت تۆت جەھەتتىن مېغىزلىق چۈشەندۈردى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، لى جۈەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىدە لېكسىيە سۆزلىدى ۋە سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ سىفەن داشۆسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى سۇن شيۇلىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قارار» دېيىلدۇ)نى زىچ چۆرىدەپ لېكسىيە سۆزلىدى. سۇن شيۇلىڭ نۇرغۇن تارىخىي ئەمەلىيەت، مىساللار ئارقىلىق پۇختا نەزەرىيە ئاساسىغا تايىنىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر ۋە بۇ تۈزۈم ئىگە بولغان ئۆزگىچە ئەۋزەللىكنى ئىزاھلاپ، كۆپچىلىكنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى ھەقىقىي كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى ھەقىقىي چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سۇن شيۇلىڭ شىنجاڭ سىفەن داشۆسىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىيەت شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھەبى سالام قاراماي شەھىرىدە لېكسىيە سۆزلىدى. ھەبى سالام پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى چۆرىدەپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئىزاھلىدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى ئىزاھلىدى، «قارار»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ، ئومۇمىي نىشان ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى سىستېمىلىق يېشىپ چۈشەندۈردى ھەم نۇقتىلىق ھالدا ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قانداق ئۆگىنىش، قانداق تەشۋىق قىلىش، قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا كونسۇلتاتسىيە قىلىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ، ئاڭلىغۇچىلارنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر ئىلھام ئوسمان قومۇل شەھىرىدە لېكسىيە سۆزلىدى. ئىلھام ئوسمان پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى سىستېمىلىق ئىزاھلىدى ۋە جانلىق يېشىپ چۈشەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر، ئىنچىكە چۈشەندۈردى. دوكلات يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىلھام ئوسمان قومۇل شەھىرى ئىپۇرغول رايونى غەربىي ئۆستەڭ كوچا باشقارمىسى مەدەنىيەت يولى مەھەللىسىگە كېلىپ مەھەللە كادىرلىرى، ئامما ۋەكىللىرى، پېشقەدەم كادىرلار ۋەكىللىرىگە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلدى ۋە چۈشەندۈردى ھەم ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىسلاھات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ شىجۈن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا لېكسىيە سۆزلىدى. جاڭ شىجۈن پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، ئاساسىي روھى ۋە مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما ۋە يېڭىلىق يارىتىلغان تەدبىرلەرنى سىستېمىلىق چۈشەندۈردى ھەم ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ تونۇشى ۋە تەسىراتىنى سۆزلىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جاڭ شىجۈن چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى چاپچال بازىرى غولمىن شەرقىي كوچا مەھەللىسىدە لېكسىيە سۆزلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئومۇمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئېركەش قورمانبېك ئالتاي ۋىلايىتىدە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى. ئېركەش قورمانبېك پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چۆرىدەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىشەنچىنى چىڭىتىش، «قارار»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ، ئومۇمىي نىشان ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق تۆت مەزمۇننى ئىزاھلىدى. ئالتاي شەھىرىنىڭ قىزىلتاش بازىرى كۆكسار كەنتىدىكى پارتىيەگە كىرگىنىگە 34 يىل بولغان پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى ليۇ چىڭگو مۇنداق دېدى: «لېكسىيەدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى پۇقرالارنىڭ تەبەسسۇمىدا ئىپادىلەندى، خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىدا ئىپادىلەندى، دېيىلدى. دەل پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدە بىز بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز».

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىيەت شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇەن لياڭ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا لېكسىيە سۆزلىدى. دۇەن لياڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىشەنچىنى چىڭىتىش، «قارار»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ، ئومۇمىي نىشان ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر ھەمدە ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قانداق ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق تۆت جەھەتتىن پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزاھلىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىدىكىلەر يەنە سانجى كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى، سانجى شەھىرى جيەنگو يولى كوچا باشقارمىسى لىجىڭ مەھەللىسىدە لېكسىيە سۆزلىدى ۋە سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاكادېمىيە باشلىقى دىڭ شۇۋچىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە شۇ جايدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار، ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى ھەم «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە دېھقان پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرىگە لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيە سۆزلەش داۋامىدا، دىڭ شۇۋچىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ئىزاھلاپ ۋە كونسۇلتاتسىيە قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى زىچ چۆرىدەپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى مول مەزمۇنلۇق، چوڭقۇر، ئەتراپلىق، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك يېشىپ چۈشەندۈردى. قەشقەردىكى مەزگىلدە، دىڭ شۇۋچىڭ يەنە قەشقەر داشۆسى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ توققۇزاق بازىرى ئاياغمەنگەن كەنتىگە بېرىپ، ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى، «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى، دېھقان پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى خوتەن ۋىلايىتىدە لېكسىيە سۆزلىگەندە، ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر خې گوچىڭ «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسى» «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىشەنچىنى چىڭىتىش» «پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ جايىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» قاتارلىق جەھەتلەردىن خوتەننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جانلىق مىساللار، تەپسىلىي، ئېنىق سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، روھىي ماھىيىتى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئىزاھلىدى. شۇ كۈنى لېكسىيە ئۆمىكىدىكىلەر يەنە خوتەن شەھىرى گۈلباغ كوچا باشقارمىسى خەلق يولى مەھەللىسىگە بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئامما بىلەن ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى.

**(مۇخبىرلىرىمىز شيا چىڭ، لياڭ لىخۇا، جاۋ شيا، قومۇل مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاۋ يۈۋېي، خوتەن مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ يۈك، قەشقەر مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋاڭ ۋېنبو، سانجى مۇخبىرلار پونكىتىدىن ما شياۋفاڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز سەي شياۋچىڭ، شىڭ باۋيۇ، لى شىنئەن، مېي لى، خەيرۇللا، گۈلھايات ئابدۇرېشىت يازغان)**

# 316 مىڭ 300 ئائىلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قىشتىن ئۆتۈشىگە «پاكىز» ئىسسىق ھارارەت قوشۇلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا 316 مىڭ 300 ئائىلىدىكى ئاھالىلەر سىدىقجانغا ئوخشاش، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش(1 ـ قارارلىق) يانداش ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكەنلىكىدىن نەپكە ئېرىشىپ، «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» ئېلىپ كەلگەن نەتىجىلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، بۇ يىل قىشتا ئەنئەنىۋى ئىسسىنىش شەكلى بىلەن خوشلىشىدۇ.

بۇ يىل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش (1 ـ قارارلىق) يانداش ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا جەمئىي 35 كىلوۋولتلۇق ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى قۇرۇلۇشتىن 61 تۈرنى، ئون كىلوۋولتلۇق ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن قۇرۇلۇشتىن 135 تۈرنى يولغا قويدى. بولۇپمۇ ئون كىلوۋولتلۇق ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئېلېكتر تورىدا، جەمئىي 9060 كىلومېتىر لىنىيە قۇرۇلدى، ئۆزگەرتىلدى، 4903 ترانسفورماتور كۆپەيتىلدى، ئالماشتۇرۇپ سەپلەندى.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» يانداش ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى كەسپىي يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى چېن دېگاۋ مۇنداق بىلدۈردى: دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى ئوخشاش بولمىغان يېزا ـ بازار، ئوخشاش بولمىغان دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئەمەلىي شارائىتىغا قارىتا، كونكرېت قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ راھەت، قولايلىق، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«كۆمۈر قالاپ ئىسسىنىشتا، ئىس ـ تۈتەك ۋە توزان كۆپ، يەنە بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپى مەۋجۇت ئىدى. ھازىرقى توك بىلەن ئىسسىتىش ھەم پاكىز، ئىسسىق، ھەم تېجەشلىك، بىخەتەر.» يوپۇرغا ناھىيەسى سىيەك يېزىسى بۆلمە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇرۇسۇل ئەخمەت مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بىر يېرىم ئاي ئىلگىرى تېخنىكلار ئۆيگە يېڭى توك پار ئورنىتىپ، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنى خۇشال قىلىۋەتتى. ئابدۇرۇسۇل تۇرۇشلۇق كەنتتىكى ئاھالىنىڭ سانى چەكلىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىلگىرى پار بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلمىغانىدى، شۇڭا يانداش ئېلېكتر تورى ئۆلچەمگە يەتكەندىن كېيىن، توك بىلەن ئىسسىتىدىغان پار ئورنىتىش ئەڭ قولايلىق بولدى.

«كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش»نىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدا قىش پەسلىدە كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولۇش ۋەزىيىتى ئۈنۈملۈك پەسەيتىلدى، يېزا ئاھالىلىرىنى پار بىلەن تەمىنلەش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى، يېزىلارنىڭ ئېلېكترلەشتۈرۈش دەرىجىسىنى ئۆستۈرگىلى، يېزىلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئاسرىغىلى بولىدۇ.» چېن دېگاۋ مۇنداق دېدى: «ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئېلېكتر تورى تور جازىسى ئومۇمىيۈزلۈك تولۇقلاپ كۈچەيتىلدى، ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە توك ئىشلىتىش سىغىمى تۆت كىلوۋاتتىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلۈپ، دۆلەتنىڭ يېزا تور قۇرۇلۇشى ئۆلچىمىدىن ئاشۇرۇلۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ يېزا ـ كەنت ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئېنېرگىيە ئاساسى سېلىندى».

# مەركەز مالىيەسى 26 مىليون يۈەن ياردەم پۇل مەبلىغىنى يېڭىدىن كۆپەيتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نۇقتىلىق ھالدا يېزا، كەنت ئىككى دەرىجىلىك تېببىي خادىملىرىغا قارىتا داۋاملاشما تېببىي مائارىپ تەربىيەسىنى قانات يايدۇرىدۇ.

«ئىلگىرى يېزا، كەنت ئىككى دەرىجىلىك دوختۇرلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ھەممىسىدە مەركەزلىك يۈزتۇرا دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى، ۋاقىت چەكلىمىگە ئۇچرايتتى، قاراتمىلىقلىقمۇ كەمچىل ئىدى.» شۇ پېيلەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: تور قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى تورلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدۇ، يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى تېخىمۇ جانلىق بولىدۇ، ناھىيە دەرىجىلىك داۋاملاشما تېببىي مائارىپ مەركەزلىرى باسقۇچلۇق مەركەزلىك تەربىيەلەشكە تەشكىللىسە بولىدۇ، يېزا، كەنت ئىككى دەرىجىلىك دوختۇرلارمۇ يان تېلېفون قاتارلىق كۆچمە تېرمىناللار ئارقىلىق خالىغان يەردە تەربىيەلەشنى قوبۇل قىلالايدۇ، خالىغان ۋاقىتتا ئۆز ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان تېببىي بىلىملەرنى ئىگىلىيەلەيدۇ.

شۇ پېيلەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەھىيە، ساغلاملىق تارماقلىرى ھەرقايسى جايلارنىڭ يەرلىكتە كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللەر، يۇقۇملۇق كېسەللەر، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەر، ھامىلدار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ساغلاملىقىنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرگە ئاساسەن ئېتىبار قىلغان ھالدا يېزا، كەنت ئىككى دەرىجىلىك دوختۇرلارنى ئېھتىياجلىق دەرسلىك ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىپ ئىگىلىشى ۋە ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دەرس سائىتى بويىچە ھەممىسىنى تېببىي داۋاملاشما تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ ئوقۇش نومۇرىغا كىرگۈزۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسىي قاتلام تېببىي خادىملىرى ئۇنۋانىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە قولايلىق ئىشىكى ئېچىپ بېرىدۇ.